كۆرمەپ + سلەر ← كۆرمەپسلەر

بارماپ + تۇ ← بارماپتۇ

ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى «-مۇ»قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىپتىمەن + مۇ ← يېزىپتىمەنمۇ     كۆرمەپسەن + مۇ ← كۆرمەپسەنمۇ

ئوقۇپسلەر + مۇ ← ئوقۇپسلەرمۇ     بارماپتۇ + مۇ ← بارماپتۇمۇ

**2- بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى «-غىن، -قىن، -گىن، -كىن»**

بۇيرۇق رايىنىڭ II شەخس بىرلىك شەكلى پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى ۋە مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىنىڭ سىرتىدا پېئىل ئۆزەكلىرىگە«-غىن، -قىن، -گىن، -كىن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سائەت 10 بولدى. ئۇخلىغىن، بالام.

بىزگە يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگىن.

بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.

ئەته كەلمىگىن، ئەته ئۆيدە بولمايمەن / يوق.

**3- «...نىڭ... ئىكەنلىكى» شەكلى**

ئۇيغۇر تىلىدا، ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ خىل شەكىلگە ئۆزگەرتىكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىشىنىمىز.

پاكىت ئاممىنىڭ كۈچىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئەمەس ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ ئانچە قىيىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

ئىزاھات: «-ئىكەنلىك»تىكى «ئىكەن» نورمالدا چۈشۈپ قالىدۇ. تەۋەلىك قوشۇمچىسى «-لىك (-لۇق، -لۈك، -لىق)»ئالدىنقى سۆزگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئادەملىكىگە ئىشىنىمىز.

پاكىت ئاممىنىڭ كۈچىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئەمەسلىكىمنى بىلىدۇ.

## گىراماتىكا

### 1- ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن ۋاستىلىك بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەر رايىدۇر. مەسىلەن:

- سائەت قانچە بولدى؟

- تۆت بوپتۇ.

- ئېرىزىمۇ كەپتۇ. قارا! بۇ ئۇنىڭ سومكىسى ئەمەسمۇ؟

- ئاڭلىشىمچە ئىنىڭىز ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپتۇ. شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق، تۈنۈگۈن ئۇ يازغان ئېلخەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ ئاقسۇ يېزا – ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ.

ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى «-پ»لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ.

<table dir="rtl">
<tr><td colspan="2">سان / شەخس</td><td>بىرلىك</td><td>كۆپلۈك</td></tr>
<tr><td colspan="2">I-شەخس</td><td>- تىمەن</td><td>- تىمىز</td></tr>
<tr><td rowspan="2">II-شەخس</td><td>ئاددى تۈرى</td><td>- سەن</td><td>- سىز</td></tr>
<tr><td>سىپايە تۈرى</td><td colspan="2">- كەنلا، - سىلەر</td></tr>
<tr><td colspan="2">III-شەخس</td><td colspan="2">- تۇ</td></tr>
</table>

مەسىلەن:

يېزىپ + تىمەن ← يېزىپتىمەن    يېزىپ + تۇ ← يېزىپتۇ
يېزىپ + سەن ← يېزىپسەن    ئوقۇپ + تىمىز ← ئوقۇپتىمىز
يېزىپ + سىز ← يېزىپسىز    ئوقۇپ + سىلەر ← ئوقۇپسىلەر
يېزىپ + كەنلا ← يېزىپتىكەنلا    ئوقۇپ + تۇ ← ئوقۇپتۇ

ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى «-پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «-مەپ، -ماپ»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**سۆز – ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش**

1- سىلكىمەك

① نۇرنىسا چاپىنىنى سىلكىۋېتىپ كىيدى.

② ئۇ قولىنى سىلكىپ مېڭىپ كەلدى.

③ سىز كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ سۆزلەڭ.

2- بويلىماق

① مۇشۇ ئېرىقنى بويلاپ ماڭسىڭىز شەۋكەتلەرنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇل بارىسىز.

② بۇ ئارغامچا كارىزنىڭ تېگىگە بويلىمايدىغان ئوخشايدۇ.

3- چاچماق

① يەرگە ئۇرۇق چاچقىلى بارىمەن.

② ئەتىياز پەسلىدە گۈللەر خۇش پۇراق چېچىۋاتقان باغچىلارغا كىرىش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك.

③ قۇياش پۈتۈن جاھانغا ئۆز نۇرىنى چاچىدۇ.

④ بۇ قېتىمقى خىراجەتنى ئادەم بېشىغا چاچايلى.

⑤ ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ مىڭ تەستە يىغقان پۇللىرىنى چېچىپ بولدى.



4- راسا

① بۈگۈن مەن راسا ھاردىم.

② ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بەرمىسەم بولمىدى.

③ بۇ ئىش راسا جېنىمغا تەگدى جۇمۇ.

5- سەت

① بۇ ئادەمنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەن سەت ئىكەن.

② سىز قىزلار بار يەردە بۇنداق سەت گەپ قىلماڭ.

③ سىز بارمىسىڭىز سەت بولىدۇ.

④ مەن ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم.